# 317278 ـ ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار ئارىسىدىن رەجەپ ئېيىنى ئايرىم كەلتۈرۈشتىكى ھېكمەت نېمە؟

### سۇئال

نېمە ئۈچۈن رەجەپ ئېيى باشقا ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن ئايرىم كەلتۈرۈلدى؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### ئىخچام جاۋاپ

ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار: زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەپ ئېيى بولۇپ، بەزى ئالىملار رەجەپ ئېيىنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن ئايرىم كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتىنى سۆزلەپ، ئۈچ ئاي ھەجدە ئارقىمۇ-ئاراقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەپلەرنىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆمرە ھەج قىلىشقا ئىمكانىيەت بولىشى ئۈچۈن ئايرىم كەلتۈرۈلدى دېگەن.

ـئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار دېگەن قانداق ئاي؟.

ـئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلارنىڭ باشقا ئايلاردىن ئالاھىدە بولىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟.

ـرەجەپ ئېيىنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن ئايرىم كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

## ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار  دېگەن قانداق ئاي؟.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ اللَّهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللَّهِ يَوْمَ خَلَقَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ فَلَا تَظْلِمُوا فِيهِنَّ أَنفُسَكُمْ وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ  تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ قەمەرى ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا( 12دۇر، ئۇلاردىن تۆتى) يەنى زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەب (ئۇرۇش قىلىش هارام قىلىنغان ئايلاردۇر، بۇ توغرا دىندۇر) يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ هارام قىلىنىشى ئاللاھنىڭ توغرا دىنىدۇر(، بۇ ئايلاردا) ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، ئاللاھ چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن (ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر )يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورققۇچىلارغا ئاللاھنىڭ

ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار». [سۈرە تەۋبە 36–ئايەت].

ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار: مۇزەرنىڭ رەجەب ئېيى، ئارقىمۇ-ئارقا كېلىدىغان: زۇلقەئدە، زۇلهەججە ۋە مۇهەررەم ئېيىدۇر، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىن ئوچۇق خەۋەرلەر بايان قىلىنغان. [تەپسىر تەبەرىي 11/440 ].

ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان هەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋاقىت ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىننى ياراتقان كۈندىكى هەيئىتى بويىچە ئايلىنىۋاتىدۇ، بىر يىل ئون ئىككى ئاي، ئۇنىڭدىن تۆت ئايدا ئۇرۇش قىلىش هارام قىلىنغان، ئۈچ ئاي ئارقىمۇ-ئارقا كېلىدۇ، زۇلقەئدە، زۇلهەججە ۋە مۇهەررەم، ۋە شەئبان بىلەن جەمادۇل ئاخىرنىڭ ئارىسىدىكى مۇزەرنىڭ رەجەپ ئېيى». [ بۇخارى رىۋايىتى 4406–هەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1679 –هەدىس] .

ۋاهىدى"ئەل بەسىيتتە 10/409"مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش قىلىش هارام قىلىنغان دېگەننىڭ مەنىسى: چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ جىنايىتى باشقا ئايلارغا قارىغاندائۇ ئايلاردا ئېغىر بولىدۇ دېمەكتۇر. ئەرەپلەر بۇ ئايلارنى بەك ئۇلۇغلايتتى، هەتتا بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ قاتىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىمۇ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىمايتتى.

لۇغەت ئالىملىرى شۇنداق دەيدۇ: بەزى ئايلاردا قىلىنغان جىنايەتنىڭ بەزى ئايلارغا قارىغاندا بەك ئېغىر بولىشىدا نۇرغۇن پايدىلار بار: ئۇ ئايلارنى ياراتقۇچىنىڭ هوزۇرىدا ئۇ ئايلارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن قول يىغىش بار، ئاشۇ مۇددەتتە قىساس ئوتى ئۆچۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بەلكىم پۈتۈنلەي زۇلۇمنى تەرك قىلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى:

## ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلارنىڭ باشقا ئايلاردىن ئالاهىدە بولىشىدىكى هېكمەت نېمە؟.

بۇ ئايلارنىڭ باشقا ئايلاردىن پەرىقلىق بولىشى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا بىزگە خەۋەر بەرمىدى، بۇمۇ ئاللاھ تائالا بىزنى ئەمەل قىلىشقا بۇيرىغان باشقا ئىشلارغا ئوخشايدۇ، بىز ئۈچۈن گەرچە بۇنىڭدىن بولغان هېكمەتنى بىلمىسەكمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردا هېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بويىچە ئەمەل قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇ توغرىدىكى هېكمەتنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشتىن چەكلەنمەيدۇ.

## رەجەپ ئېيىنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن ئايرىم كەلتۈرۈشنىڭ هېكمىتى بولسا؛

بەزى ئالىملارنى رەجەپ ئېيىنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن ئايرىم كەلتۈرۈشنىڭ هېكمىتىنى سۆزلەپ، ئۈچ ئاي هەجدە ئارقىمۇ-ئاراقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەپلەرنىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆمرە هەج قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بولىشى ئۈچۈن ئايرىم كەلتۈرۈلدى دېگەن.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ ئايلاردىن تۆتى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي دېگەن سۆزى: ئەرەپلەرمۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئايلارنى ئېھتىرام قىلاتتى، كۆپچىلىك ئالىملارمۇ بۇ قاراشتا، لېكىن بۇسۇل دېگەن بىر تائىپە بەك چوڭقۇرلاپ ۋە قاتتىقلىق قىلىپ بىر يىلدىن سەككىز ئاينى ئېھتىرام قىلاتتى،

ئەمما ئۈچ ئاي ئارقىمۇ-ئارقا كېلىدۇ "زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم، شەئبان بىلەن جىمادۇل ئاخىرنىڭ ئارىسىدىكى مۇزەرنىڭ رەجەپ ئېيى دەپ رەجەپ ئېيىنى مۇزەر قەبىلىسىگە قېتىۋېتىش بولسا، ئۇلارنىڭ شەئبان بىلەن جىمادۇل ئاخىرنىڭ ئارىسىدىكى مۇزەرنىڭ رەجەپ ئېيى دېگەن سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، رەبىيئە قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان رەجەپ ئېيى دېگەن شەئبان بىلەن شەۋۋال ئارىسىدىكى ھازىرقى رامىزان ئېيى دېگەن گۇمانىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رەبىئىنىڭ رەجەب ئېيى دېمەستىن مۇزەرنىڭ رەجەب ئېيى دەپ بايان قىلغان.

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ تۆت بولۇپ، ئۈچىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېيىشى ۋە يەنە بىرسىنىڭ ئايرىم كېيىشى بولسا، ئەرەپلەرنىڭ ھەج-ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى راھەت ئادا قىلىشىۋېلىشى ئۈچۈندۇر، ھەجدىن بۇرۇنقى زۇلقەئەدە ئېيىدا ئۇرۇش ھارام قىلىندى، چۈنكى ئەرەپلەر بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلمايدۇ، زۇلھەججە ئېيىدا ھەج پائالىيەتلىرى ئادا قىلىنىدۇ، ئۇلار ھەج قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھەررەم ئېيىدا بولسا يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇرۇش ھارام قىلىندى.

ئەرەپلەرنىڭ كەبىنى زىيارەت قىلىپ ئۆمرە قىلىشىۋېلىشى، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ چەت جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ كەبىنى زىيارەت قىلىپ تىنچ-خاتىرجەم يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يىلنىڭ ئوتتۇرى بولغان رەجەپ ئېيىدا ئۇرۇش ھارام قىلىندى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ئاشۇ توغرا دىندۇر دېگەن سۆزى: ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش ۋە ئىلگىرى ئاللاھنىڭ كىتاۋىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ باراۋىرىدە ئەمەل قىلىش توغرا دىن دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ: بۇ ئايلاردا خاتالىق سادىر قىلىش بىلەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار دېگەن سۆزى: ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئىشلەنگەن جىنايەتنىڭ جازاسى باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئېغىر بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە سادىر قىلىنغان جىنايەتنىڭ جازاسىمۇ باشقا جايغا قارىغاندا ھەسسىلەپ زىيادە بولىدۇ دېمەكتۇر. ["تەپسىر ئىبنى كەسىر4/148 " ].

ئىمام رازى ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە 16/41مۇنداق دەيدۇ : ۋاقىتنىڭ ھەممە جۈزئىلىرى ھەقىقەتتە ئوخشايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ بەزىسىنى ئايرىۋېلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دېيىلسە، بىز دەيمىزكى:  بۇ مەنا شەرىئەتتە يىراق سانالمايدۇ، بۇنىڭ مىسالى ئىنتايىن كۆپ، قارىمامسىز، ئاللاھ تائالا ھەرەم شەھرىنى ھەرەم بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە قىلدى، جۈمە كۈنىنى ھەپتىنىڭ قالغان كۈنلىرىدىن ئۇلۇغلۇقتا ئالاھىدە قىلدى، ئەرەپات كۈنىنى ئۇ مەخسۇس ئىبادەت كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن يىلنىڭ

باشقا كۈنلىرىدىن ئالاھىدە قىلدى، رامىزان ئېيىنى ئۇ ئايدا روزا تۇتىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن باشقا ئايلاردىن ئالاھىدە قىلدى، كۈننىڭ بەزى ۋاقىتلىرىنى ناماز ئوقۇش ۋاقتى بىلەن قالغان ۋاقىتلىرىدىن پەرىقلىق قىلدى، قەدىر كېچىسىگە ئوخشاش بەزى كېچىلەرنى كېچىلەر ئارىسىدىن پەزىلەتلىك قىلدى، بەزى كىشىلەرگە دوستلۇق ۋە ئەلچىلىك ئاتا قىلىش بىلەن باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلىق قىلدى. مۇشۇنداق مەشھۇر، ئاشكارا مىساللار بولىدىكەن، بەزى ئايلارنى ئۇلۇغلاپ ئايرىم كەلتۈرۈش قانداقمۇ يىراق سانىلىدۇ؟.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ۋاقىتلاردا تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ بولۇپ پاك نەپسلەرگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ۋە خاتالىق-ئاسىيلىقنىڭمۇ كۈچلۈك ناچار نەپسلەرگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ بىلىدىغانلىقى يىراق سانالمايدۇ، بۇ دانالارنىڭ نەزىرىدە يىراق سانالمايدۇ، قارىمامسىز، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈمىت قىلىنىدىغان ۋاقىتلار توغرىسىدىمۇ ئايرىم كىتابلار يېزىلدى، ئۇلار مەلۇم ۋاقىتلاردا  دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سەۋەپلەرنىڭ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى.

بۇنىڭدا يەنە بىر پايدا بار: ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتىگە زۇلۇم قىلىش ۋە بۇزۇقچىلىق سىڭىپ كەتكەن، ئۇلارنى بۇ قەبىھ ئىشلاردىن بىراقلا چەكلىۋېتىش ئۇلارغا قېيىن بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇقتا خاس بولغان بەزى ۋاقىتلارنى بايان قىلدى، بەزى ئورۇنلارنىمۇ ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇقتا خاس قىلدى،  بەزى ۋاقىتتا ئىنسان ئاشۇ ئۇلۇغ ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ناچار ۋە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلىنىپ قىلىشى مۇمكىن. ئاشۇ ئىش پەزىلەت ۋە پايدىلاردىن بىر قانچىنى زىكىر قىلىمىز:

بىرىنچى: ئۇلۇغ ۋاقىتلاردا ناچار ئىشلارنى تەرك قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا ناچار ئىشلار ئاز يۈز بېرىدۇ.

ئىككىنچى: ئاشۇ ئۇلۇغ ۋاقىتلاردا ناچار ئىشلارنىڭ تەرك قىلىنىشى ، ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتى ناچار ئىشلاردىن مۇتلەق يۈز ئۆرۈشكە مايىل بولۇپ قىلىشقا سەۋەپ بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى: ئىنسان ئاشۇ ئۇلۇغ ۋاقىتلاردا تائەت_ئىبادەتنى كۆپ قىلسا،  گۇناھ_مەسىيەتتىن يۈز ئۆرۈسە، ئاشۇ ۋاقىت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەگەر گۇناھ_مەسىيەتنى باشلاي دەپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ناچارلىقنى باشلىشى، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تائەت_ئىبادەت قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن جاپا_مۇشەققەتلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا سەۋەپ بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئەقىللىق كىشى بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، ئاشۇ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھ_مەسىيەتتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشىگە سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ.

مانا بۇ ۋاقىتلاردىن بەزىسىنى ۋە ئورۇنلاردىن بەزىسىنى ھۆرمەت_ئېھتىرامغا خاس قىلغانلىقنىڭ ھېكمەتلىرىدىندۇر".

بەزى ئالىملار: كائىناتتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئۇنىڭ پايدىلىرى بولسىمۇ، ھېكمەتنىڭ يوللىرى سورالمايدۇ دەيدۇ.

تاھىر ئىبنى ئاشۇرا مۇنداق دەيدۇ: "بىلگىنكى، ۋاقىت ۋە ئورۇنلارنىڭ ئارتۇقچە بولۇشى، ئىنسانلارنىڭ بىر_بىرىدىن ئارتۇقچە

بولىشىغا ئوخشايدۇ، ئىنسانلار ئۆزلىرىدىن سادىر بولغان ياخشى ئەمەل، ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن باشقىلاردىن ئارتۇقچە بولىدۇ، بۇ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەمەس بەلكى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلىنىدىغان ئەمەل بىلەن بولىدۇ.

ۋاقىت ۋە ئورۇنلارنىڭ ئارتۇقچە بولىشى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ توغرىدا خەۋەر بېرىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن بولغان مەقسىدىدىن  خەۋەر تېپىش بىلەن بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئارتۇقچە قىلغاندا، ئۇ جاينى ياكى ۋاقىتنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئورۇن، دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان ۋاقىت، ئەمەل ھەسسىلەپ زىيادە بولىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىت قىلىدۇ. «قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشى» دېگەندەك، يەنى: ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئۆچۈن بولغان مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ياخشى دېمەكتۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئورۇندىن خەۋەر بېرىپ: «مېنىڭ مەسچىتىمدە ئوقۇغان بىر ۋاخ ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان مىڭ ۋاخ نامازدىن ئەۋزەل»دېگەن.

ئورۇندىن ئورۇننى ۋە ۋاقىتتىن ۋاقىتنى بىرى-بىرىدىن ئارتۇق قىلىنغاندىكى ھېكمەتنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان ئىشلار بولسا، ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغان ۋە تەقدىر قىلغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ كائىناتتىكى ئىشلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. خۇددى شەنبە كۈنىنىڭ ئۇلۇغلىقى جۈمە كۈنى بىلەن بىكار بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش.

كىشىلەرنىڭ دىنى جەھەتتىن بەزى ۋاقىتلارنى ئارتۇقچە-پەزىلەتلىك قىلىۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشى بولسا قولدا ياسىغان نەرسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ياخشى مەقسەت ئىرادە قىلىنمىسا ئۇنىڭ ھېچ ئېتىبارى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ-پەزىلەتلىك قىلغان ئورۇن، ۋاقىت ۋە شەخسلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىش ھەققى بولمايدۇ". ["تەھرىير ۋەتتەنۋىير"10/184].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.